قەلب ساداسى

# ھۆكۈمەت ماڭا ياردەم قىلىپ، «ئازغان» بالامنى قايتۇرۇپ كەلدى

□ يەكەن ناھىيەلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىنىڭ ئائىلە تەۋەسى مەمەت تۇنىياز

مەن يەكەن ناھىيەسىنىڭ يەكەن بازىرى قۇمداڭ كەنتىدىكى دېھقان مەمەت تۇنىياز، مېنىڭ ئۈچ بالام بار، تۇرسۇن مەمەت مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم، مەن بىلەن بىللە تۇرىدۇ. نۆۋەتتە، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىدە، تۇرسۇن بىر ئاشلىق ـ ياغ پىششىقلاش زاۋۇتى ئېچىۋاتىدۇ.

تۇرسۇن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ تەربىيەلىنىشتىن بۇرۇنقى بىر مەزگىلدە قىلىقلىرى غەلىتە بولۇپ، ئۆيدىكىلەر بىلەن پاراڭلاشمايتتى، ماڭا گەپ قىلىشىمۇ خالىمايتتى، مەن بۇنى بالام ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ياش پەرقى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ ئويلىغانىدىم. تاكى بىر كۈنى، تۇرسۇننىڭ كۆپ قېتىم دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار تەشكىللىگەن قانۇنسىز يىغىلىشقا كۆپ قېتىم قاتنىشىپ، ئاشۇ كىشىلەر بىلەن بىللە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تەرغىب قىلىنغان سىنلارنى كۆرۈپ، ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشنى پىلانلاپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، مەن ئاندىن ئوغلۇمنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدىم. ئۇنىڭ مەن بىلەن گەپلەشمىگەنلىكى مېنى تەقۋادار مۇسۇلمان ئەمەس دەپ قاراپ، كۆڭلىدە مېنى چەتكە قاققانلىقى ئىكەن. خوتۇنۇم ئىككىمىز بەك ئازابلاندۇق، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىزگە شۇنچە كۆپ ياخشى سىياسەتلەرنى بەردى، شۇنچە كۆپ ياردەم بەردى، يۆلىدى، كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى، لېكىن بىز بالىمىزنى ياخشى تەربىيەلىيەلمەپتۇق. بىز تۇرسۇننىڭ ناۋادا يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، چوقۇم تېخىمۇ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى نابۇت قىلىپ قويۇشىدىن تېخىمۇ ئەندىشە قىلدۇق. مەن كەنت كادىرلىرىغا ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىپ، كەنت كادىرلىرى بىلەن بىللە تۇرسۇننى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىپ، كاللىسىدىكى ئەسەبىي ئىدىيەنى يوقىتىشقا نەسىھەت قىلدۇق.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە بىر مەزگىل تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، بىر قېتىم ھەپتە ئاخىرىدا ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە تۇرسۇن مۇنداق دېدى: «تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە قانۇن ئۆگىنىش ئارقىلىق، مەن نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى، قانداق كىشىلەر بىلەن ئارىلاشسا بولىدىغانلىقىنى، قانداق كىشىلەر بىلەن ئارىلاشسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم، يەنە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىۋالدىم. ھازىر مەن كەسپىي ماھارەتنى ياخشى ئۆگىنىپ، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۆزۈم تىجارەت قىلىپ، كۆپرەك پۇل تېپىپ، ئائىلەمنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن».

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، تۇرسۇن ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە 700 كۋادرات مېتىرلىق ئاشلىق ـ ياغ پىششىقلاش زاۋۇتى ئاچتى، يىللىق كىرىمى 100 مىڭ يۈەندىن 150 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولىدى، يەنە يەتتە ئىشچىنى ئىشلەتتى. ئۇ دائىم ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىزگە سوۋغات ئېلىپ بېرىپ: «سوۋغات ھېچقانچە پۇلغا يارىمايدۇ، ئاتا ـ ئانامغا سوۋغات ئېلىپ بېرىش مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم» دەيدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى قۇرۇپ، ئوغلۇمغا ئوخشاش ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەتلەرنى ھەقسىز ئۆگىنىپ، ئەسەبىي ئىدىيەنى تۈگىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقىغا رەھمەت. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، تۇرسۇن مال كىرگۈزگەندە، مال سالغاندا دۆلەت ئورتاق تىلدا ئىچكىرى رايونلاردىكى خوجايىنلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولدى، بۇنىڭ سودىغا زور ياردىمى بولدى. ئەڭ مۇھىمى تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، ئۇ ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ خەۋپىنى تونۇپ يەتتى، قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتتى، قانۇننىڭ تۆۋەن چېكىدىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھالقىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

ھازىر، ئوغلۇم خوتۇنۇم ئىككىمىزنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ، بىزگە ئىنتايىن كۆيۈنىدۇ، ۋاقتى چىقسىلا بىزنى سىرتقا تاماق يېيىشكە ئېلىپ چىقىدۇ، نەرسە ـ كېرەك ئېلىپ بېرىدۇ، ئۇ بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگىمۇ بارغانسېرى كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى، ھازىر كۈنلىرىمىز ناھايىتى بەختلىك ئۆتۈۋاتىدۇ. چىن قەلبىمدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى، كۆيۈنۈشىگە ئالاھىدە مىننەتدارمەن، ئەگەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى بولمىغان بولسا، ئوغلۇمنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئائىلەمنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ياخشى كۈنلەر پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن كەلگەن، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ ماڭا ياردەم قىلىپ، «ئازغان» ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ كېلىپ، بۇ ئۆمرۈمدە پەرزەنت بەختىدىن بەھرىلەندۈرگەنلىكىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

# تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى قىزىمنى ئازغان يولدىن قايتۇرۇپ كەلدى

□ قاغىلىق ناھىيەلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگۈچىنىڭ ئائىلە تەۋەسى ھۆرنىسا ئابدۇرېشىت

مېنىڭ ئىسمىم ھۆرنىسا ئابدۇرېشىت، قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ئادەتتىكى بىر ئائىلە ئايالى، شۇنداقلا لاياقەتسىز ئانا ــ چۈنكى بالامنى قاتتىق باشقۇرمىغاچقا، قىزىم رىزۋانگۈل مەمەت دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ، خاتا يولغا ماڭدى. ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بالامنى تاشلىۋەتمەي، بالامنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىپ، قىزىمنى ئازغان يولدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، ۋەيران بولاي دېگەن ئائىلىمىزنى يەنە بىر قېتىم شاد ـ خۇراملىققا چۆمدۈرگەنلىكىدىن چوڭقۇر مىننەتدارمەن ھەم خۇشالمەن. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمنى ھەرقانچە سۆزلىسەممۇ سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن!

مەن بىر جورىسىز ئانا، كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى ئاچىمەن، دۇكىنىمنىڭ سودىسى ناھايىتى ياخشى، كىرىمىمىز مۇقىم بولغاچقا، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى كۈنسېرى ياخشىلاندى. ئىلگىرى قىزىم رىزۋانگۈل ئىنتايىن زېرەك، رايىش ئىدى، ئۆگىنىشتە مېنى ئاساسەن غەم قىلدۇرمايتتى. 2012 ـ يىلى، ئۇ ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، كۈتكىنىگە يارىشا شىنجاڭ سىفەن داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلاندى، ئەينى چاغدا ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر ۋە قوشنا ـ قولۇملار ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ، قىزىڭىز ياراملىق قىز بولدى دېيىشتى، كۆڭلۈمدە قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىمنى دېمەيلا قوياي.

قىزىم داشۆگە ئۆتكەندىن كېيىن، بىزنىڭ يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىمىز بارغانسېرى ئازايدى، تېلېفون ئارقىلىقلا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيتتىم، ھەر قېتىم تېلېفوندا ئۇ ماڭا داشۆدىكى ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە ھەر خىل قىزىقارلىق ئىشلارنى خۇشاللىق بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى. 2012 ـ يىلى قىشتا، قىزىم قىشلىق تەتىل قىلىپ قايتىپ كېلىپ، ماڭا چوڭ بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى تەلپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، توردىن ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى ئىزدەش، كۆرۈشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بىر ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفون سېتىۋېلىشنى ئېيتتى. ئەينى چاغدا، بىر ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفون سېتىۋېلىشقا 3000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل كېتەتتى، بالىنىڭ ئۆگىنىشىگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەن چىشىمنى چىشلەپ ئۇنىڭغا بىر يان تېلېفون ئېلىپ بەردىم. ئەمما يان تېلېفونى بار بولغاندىن باشلاپ، قىزىمنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتتى، تەتىل قىلىپ قايتىپ كەلسىمۇ، دۇكانغا كېلىپ ياردەملەشمەيدىغان بولۇۋالدى، ھەمىشە ناھايىتى كەچكىچە تېلېفون ئوينايتتى، تېلېفون ئالسىمۇ ـ تېلېفون ئۇرسىمۇ ھەمىشە مەندىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سۆزلىشىش ۋاقتىمۇ بىر ـ بىردىن ئۇزاق ئىدى. ھەر قېتىم ئۇنىڭدىن سورىسام، ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۆگىنىشنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتاتتى. كېيىن بىلسەم، ئۇ يان تېلېفوندا تورغا چىقىپ، ئەسەبىي ئىدىيەسى بار بىر قىسىم «دوستلار» بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ، بارا ـ بارا ئۇ «دوستلىرى» تەرىپىدىن كاللىسى يۇيۇلۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملىنىپتۇ. قىزىم تېلېفوندا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلىدىغان سىنلارنى ساقلاپتۇ ھەم بۇ سىنلارنى بىرنەچچە ساۋاقدىشىغا يوللاپ بېرىپتۇ، ئاشۇ «دوستلىرى» يەنە قىزىمنى ئۇلار بىلەن چېگرا سىرتىغا چىقىپ «غازات» قىلىشقا كۇشكۇرتۇپتۇ.

بۇ ئەھۋاللارنى بىلگەن ۋاقتىمدا، ماڭا ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بىلىندى. مەن قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرغاندا، دوستۇم ماڭا قاغىلىق ناھىيەسىدە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى قۇرۇلۇپ، قىزىمغا ئوخشاش ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ قىلمىشى بار كىشىلەرنى تەربىيەلەپ قۇتقۇزىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ھەقسىز دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنەلەيدىكەن، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنەلەيدىكەن، كەسپىي ماھارەتنى ئۆگىنەلەيدىكەن، ئەسەبىي ئىدىيەنى تۈگىتىدىكەن.

قىزىم تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگەنگەن، تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم، تېلېفون ئۇرغاندا ياكى ھەپتە ئاخىرى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇ ماڭا مۇنداق دەيتتى: «ئاپا، مەن خاتا قىپتىمەن، مەن ئاشۇ ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ گېپىگە ئاسانلا ئىشىنىپ قالمىسام بوپتىكەن.» «ئاپا، كەچۈرۈڭ، سىزنى ئەنسىرىتىپ قويدۇم، مەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردىمىدە، ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ قورقۇنچلۇق خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم. مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى ھاياتىمدىكى ئىككىنچى داشۆ بىلىپ، مەدەنىيەتنى، قانۇن بىلىملىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، قانداق قىلغاندا بىر ھەقىقىي ياراملىق ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىمەن.» «ئاپا، ئەنسىرىمەڭ، مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتىمەن، ئوقۇتقۇچىلار خۇددى ئۆز ئائىلەمدىكىلەرگە ئوخشاش مېنى سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيەلەيدۇ، يېتەكلەيدۇ. بىزنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تاماق، ياتاق، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئوقۇشنىڭ ھەممىسى ھەقسىز، مەن يەنە بىر ماھارەت ئۆگىنىۋالدىم».

قىزىمنىڭ بەك دىتى بار، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ھەرقايسى جەھەتتە ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، بىر يىلدىلا تۈرلۈك باھالاشلاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ تەربىيەنى تاماملىدى. بىز ئويلاپمۇ باقمىغان ئىش شۇ بولدىكى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يەنە ئۇنىڭغا بىر يامان ئەمەس خىزمەت تونۇشتۇردى، ئۇ بىزنىڭ قاغىلىق ناھىيەمىزدىكى بىر ئۆي ـ مۈلۈك شىركىتىدە ئىشلەيدىغان بولدى، ھەر ئايدا قولىغا تېگىدىغان مائاشى 2500 يۈەن. قىزىم مائاشىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتىپ ماڭا 2000 يۈەننى بېرىپ، ئۆزىگە ئاران 500 يۈەننى پارچە خىراجەت قىلىدىغانغا ئېلىپ قالدى. ئۇ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئاپا، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن راستىنلا ئۆزگىرىپ ياخشى بولۇپ كەتتىم، ماڭا قايتىدىن سىزنىڭ قىزىڭىز بولۇش پۇرسىتى بەرگەيسىز. ئاپا، ئىلگىرى سىز پۇل تېپىپ مېنى باقاتتىڭىز، ھازىر سىزنى بېقىش نۆۋىتى ماڭا كەلدى. مەن تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، تۇرمۇشىمىزنى بارغانسېرى ياخشى قىلىمەن.» شۇ چاغدا كۆزۈمدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈلدى، بەخت خۇددى ھەسەلدەك تاتلىق بىلىندى.

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەن مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمنى قانداق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەشنى راستىنلا بىلەلمەي قالدىم، بىراق مېنىڭ يەنىلا شۇنداق دېگۈم بار: پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قىزىمنى، ئائىلىمىزنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىغا رەھمەت، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ماڭا بىر ۋاپادار، مېھرىبان قىزنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن!

# بەزىلەرنىڭ بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمەن

□ لوپ ناھىيەلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئابدۇقۇددۇس ئابدۇرېھىم

مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇقۇددۇس ئابدۇرېھىم، شىنجاڭنىڭ لوپ ناھىيەسىدىن، ھازىر بىر يەم ـ خەشەك زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقى، تۇرمۇشۇم باياشات، مەن ھازىرقى ئەھۋالىمدىن ئىنتايىن رازى. ئۈچ يىل ئىلگىرى، مەن بۈگۈنكىدەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىمنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئويلاپ يېتەلمەيتتىم. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى شىنجاڭدا يامرىدى، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرى ئەسەبىي ئىدىيە تېخىمۇ سىڭىپ كىرگەن، يامرىغان نۇقتىلىق رايون بولۇپ قالدى، مەنمۇ بۇ خاتا ئىدىيەنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىدىم. دەسلەپتە، مېنى «دوستۇم» ئوغرىلىقچە بىر قىسىم يامان نىيەتلىك دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ «ۋەز ئېيتىش»نى ئاڭلاشقا ئېلىپ باردى، كېيىن قانداق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش، بومبا ياساشنى ئۆگىتىدىغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق سىنلىرىنى كۆردۈم. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەن كاللام يۇيۇلۇپ قالغاندەك، ھەر كۈنى ئاشۇ زوراۋانلىق، تېررورلۇق كۆرۈنۈشلىرىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم، چېگرا سىرتىدىكى زوراۋان ـ تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ قوراللىق ئادەم ئۆلتۈرىدىغان تۇرمۇشىغا كۆڭلۈمدە ئىنتىلىدىغان بولۇپ قالدىم، «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەننى خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. مەن ھەر كۈنى ھېچ ئىش قىلمايتتىم، ئېتىزدىكى زىرائەتلەر بىلەنمۇ ئانچە كارىم بولمىدى، كالا ـ قويلارنىمۇ باقمىدىم، ئۆي ـ خىيالىم ئەسلا تۇرمۇشتا بولمىدى، بالىلىرىمنىڭ ئۆگىنىشى، ئىستىقبالى بىلەنمۇ كارىم بولمىدى، سوراپمۇ قويمىدىم.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كەلگەندىن كېيىن، مەن بۇ يەرنىڭ مۇھىتىنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، ياتاق ـ تاماق ھەقسىز، ئوقۇش ھەقسىز ئىدى، بىز ئازادە ياتاقتا ياتتۇق، يازدا ئىسسىپ كەتسە ھاۋا تەڭشىگۈچ بار، قىشتا سوغۇق بولۇپ كەتسە پار بار، ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق تامىقىمىز گۆشلۈك ـ گۆشسىز قىلىپ ماسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوزۇقلۇقى مول ئىدى. مەن ھەر كۈنى دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ئۆگەندىم، قانۇن بىلىملىرى ئۆگەندىم، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دېلو مىسالى ئارقىلىق قانۇننى چۈشەندۈرۈشى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ماھىيىتى ۋە خەۋپىنى چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىدىم. بىز يەنە ئۆزىمىزنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن كەسپىي ماھارەت ئۆگەنسەك بولىدىغان بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى تىرىشىپ بىلىم ئالدى، ئۆگىنىش كەيپىياتى ئىنتايىن قويۇق بولدى. بۇنداق ئۆگىنىش داۋامىدا، مەن ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم، تېخىمۇ مۇھىمى ئىدىيەم ئىلگىرىكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىدى، ھەر كۈنى يەنە ھاڭۋېقىپ يۈرمەيدىغان بولدۇم، ئۆزۈمگىمۇ نىشان بېكىتتىم ــ ئىگىلىك تىكلەش!

تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن ئۆگەنگەن بىلىمىمگە ئاساسەن، بىرنەچچە يەم ـ خەشەك زاۋۇتى قۇرۇشنى پىلانلىدىم. بۇ يىل 3 ـ ئايدا، مېنىڭ سانائەت باغچە رايونىدىكى بىرنەچچە يەم ـ خەشەك زاۋۇتىم قۇرۇلدى. زاۋۇتنى قۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە، مەن ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى ھالىتى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قېلىشىدىن، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، تېخنىكا بىلىدىغان ئىشچىلارنى قوبۇل قىلالماسلىقتىن ئەنسىرىدىم. لېكىن، ئىگىلەش ئارقىلىق، مەن بۇ بىرنەچچە يىلدا خوتەندىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولغانلىقىنى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەرلا ئەمەس، تۈرلۈك كەسپىي مەكتەپ، تېخنىكا مەكتەپلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ھەقسىز تەربىيەلىگەنلىكىنى، نۇرغۇنلىغان كىشىنىڭ ئەمگەك ماھارىتىنى ئىگىلىگەنلىكىنى بايقىدىم. ھازىر، زاۋۇتۇمدا 71 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بار، يىللىق پايدام 300 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ، بىزنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق مائاشى 4000 يۈەن ئەتراپىدا، بەزى ئايلاردا 5000 يۈەندىن ئارتۇق ئالالايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈرلۈك كەسپىي ئەمگەك ماھارەت تەربىيەسى ئالغان بولۇپ، خىزمەتتە ئىنتايىن تىرىشچان، ھەر كۈنلۈك تۇرمۇشىمۇ ناھايىتى مەنىلىك ئۆتۈۋاتىدۇ، بىز ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىن ئىنتايىن رازى.

يېقىندا، مەن توردا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ جۇڭگو تەرەپنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، جاھىللىق ھەم بىمەنىلىك بىلەن ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى بۇرمىلىغانلىقى، قارا چاپلىغانلىقى ۋە ئاساسسىز ئەيىبلىگەنلىكىنى، بىزنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىمىزگە قارا چاپلىغانلىقىنى كۆردۈم. بۇنىڭدىن مەن ئىنتايىن غەزەپلەندىم. مەن مۇشۇ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان شىنجاڭلىق، بولۇپمۇ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى بىۋاستە ئالغان ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارغا ئۈنلۈك ئاۋازدا شۇنى ئېيتىمەنكى: بىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىمىز تولۇق كاپالەتكە ئىگە، تۇرمۇشىمىز ناھايىتى بەختلىك، يامان نىيەتلىك ئاتالمىش «كۆڭۈل بۆلۈش»كە موھتاج ئەمەس.

«كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىۋاتقان ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلار قارا قولۇڭلارنى تارتىڭلار. ئەسەبىي ئىدىيە شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىپ يامرىغاندا، زوراۋانلىق، تېررورلۇق كۆپ يۈز بەرگەن، ئۆزۈلمەي يۈز بەرگەندە سىلەر زوراۋان ـ تېررورچى ۋە ئەسەبىي ئۇنسۇرلارغا يانتاياق بولدۇڭلار، بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلارنى ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ پاتقىقىغا بارغانسېرى چوڭقۇر پاتقۇزۇۋەتتىڭلار؛ ھازىر شىنجاڭ قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنى تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋالدى، جەمئىيەت مۇقىم بولدى، سىلەر يەنە سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىۋاتىسىلەر. سىلەرنىڭ رەزىل قوتراتقۇلۇقۇڭلار پەقەت بىزنى تېخىمۇ ئىنتىپاقلاشتۇرىدۇ، بىز سىلەرنىڭ سۇيىقەستىڭلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق سىلەرنىڭ رەزىل يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىڭلارغا قايتۇرما زەربە بېرىمەن، تېخىمۇ تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ قېرىنداشلىرىمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ياردەم بېرىمەن!

جۇڭگودىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇش خام خىيالىدا بولغان ھەرقانداق سۇيىقەست ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ھەممىسى جەزمەن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.